# 10439 - سۈرەت بار كىيىملەردە ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

سۈرەت بار كىيىملەردە ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىنساننىڭ ھايۋان ياكى ئىنساننىڭ سۈرىتى بار كىيىملەرنى كىيىشى توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئىنسان ياكى ھايۋاننىڭ سۈرىتى بولغان باش كېيىم ۋە باشنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان چەمبىرەك قاتارلىق نەرسىلەرنى كىيىشمۇ توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن پەرىشتىلەر سۈرەت بولغان ئۆيگە كىرمەيدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ خاتىرە سۈرەت دەپ قانائەت قىلىپ ئۇنى ساقلىشى لايىق بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنى يوق قىلىۋەتكىنى ياخشىدۇر، مەيلى ئۇ سۈرەتنى تامغا ئاسقان بولسۇن ياكى ئەلبۇم قاتارلىق نەرسىلەرگە سالغان بولسۇن ئۇنى يوق قىلىۋېتىشى كېرەك. چۈنكى سۈرەتنىڭ ئۆيدە قىلىپ قېلىشى ئائىلىسىدىكىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە ئىشارەت قىلغان رەھمەت پەرىشتىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.